# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي
1
چارشەنبە
维吾尔文 1 月1日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24927 ـ سان  بۈگۈن 4 بەت


## يېڭى يىللىق تىياتىر كېچىلىكى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

### شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن كۆرۈشكە قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار زوۋ ۋېي، ۋاڭ سىبېي) 2020 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تىياتىر كېچىلىكى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كەچتە دۆلەت چوڭ تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار پايتەختتىكى 1000غا يېقىن ئاممىا بىلەن خۇشال ـ خۇرام جەم بولۇپ، بىرلىكتە ئويۇن كۆرۈپ، يېڭى يىلنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋالدى.

گۈگۈم چۈشتى، رەڭگارەڭ پانۇسلار كۆزنى چاقنىتاتتى. دۆلەت چوڭ تىياتىرخانىسىنىڭ تىياتىر زالىدا، چىرايلاردا تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ، خۇشاللىق ساداسى ياڭراپ، باھارەدەك ئىللىقلىق ۋە خۇشال بايرام كەيپىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى.
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2020 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېڭى يىل كېلىش ئالدىدا، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى ۋە ئالاقە تورى ئارقىلىق 2020 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئېلان قىلدى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

2020 ـ يىلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، مەن پايتەخت بېيجىڭدا كۆپچىلىككە يېڭى يىللىق گۈزەل تىلەكلىرىنى يوللايمەن!

2019 ـ يىلى، بىز قان ـ تەرىمىز بىلەن سۇغىرىپ ھوسۇل ئېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ پۇختا ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تەكشى، مۇقىم ئالغا سىلجىتتۇق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى مۆلچەرلىنىشچە 100 تىرىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېقىنلىشىدۇ، كىشى بېشىغا 10 مىڭ دوللار توغرا كېلىشتەك باسقۇچقا قەدەم قويىمىز. ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئاچقۇچلۇق ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۇاڭدۇڭ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تېز ئىلگىرىلەش كۆرۈنۈپكىسى بىسىلدى، خۇاڭخې دەرياسى ئېقىنى رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش دۆلەت ئىستراتېگىيەسىگە ئايلاندى. پۈتۈن مەملىكەتتە 340 ئەتراپىدىكى نامرات ناھىيە قالپىقىنى



يېڭى يىل كېلىش ئالدىدا، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى ۋە ئالاقە تورى ئارقىلىق 2020 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئېلان قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

چۆرۈپ تاشلايدۇ، 10 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. چاڭئې 4 ـ نومۇر ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئاي شارىنىڭ ئارقا يۈزىگە قوندى، چاڭجېڭ 5 ـ نومۇرلۇق يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان 3 بەلگىلىك توشۇغۇچى راكېتا مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلدى، شۆلۈڭ 2 ـ نومۇر تۇنجى قېتىم جەنۇبىي قۇتۇپقا باردى، يەتتەكەن يۇلتۇزى يول باشلاش يەر شارىۋى تورىنى تەشكىللەش ئاخىرقى كۆچەش مەزگىلگە كىردى، 5Gنى سودىدا ئىشلىتىش سۈرئىتى تېزلەتلىدى،
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئۆزئارا يېڭى يىللىق تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى

### جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەت زۇڭلىلىرى ئۆزئارا يېڭى يىللىق تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن ئۆزئارا يېڭى يىللىق تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن، زۇڭتۇڭ پۇتىن ۋە رۇسىيە خەلقىنى سەمىمىي تەبرىكلىدى ۋە گۈزەل تىلەك تىلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بىر يىل جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى تەرەققىيات تارىخىدىكى پەۋقۇلئاددە بىر يىل. ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى ئورتاق تەبرىكلەۋاتقان دوستانە كەيپىياتتا، مەن ۋە پۇتىن زۇڭتۇڭ جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنى ئورتاق جاكارلاپ، ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتۇق. بىز ئىككى دۆلەتنىڭ ھازىرقى زامان يەر شارىۋى ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قوشما باياناتقا ئىمزا قويۇپ ھەم ئېلان قىلىپ، جۇڭگو بىلەن رۇسىيەنىڭ يەر شارىۋى ئىستراتېگىيەلىك مۇقىملىقنى ئورتاق قوغداش قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلدۇق. ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ـ سودا، ئېنېرگىيە، ئادەمىيەت، پەن ـ تېخنىكا، يەرلىك قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىدا يارقىن نۇقتىلار ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، مول نەتىجە يارىتىلىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە ھەقىقىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا دۇنيا تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 ـ يىلى جۇڭگو ـ رۇسىيە پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يىلى باشلىنىدۇ. ئىككى تەرەپ دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى ئورتاق تەبرىكلەيدۇ. مەن پۇتىن زۇڭتۇڭ بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، قول تۇتۇشۇپ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى

### شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى

### لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى  ۋاڭ ياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى



12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش بېيجىڭدا يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى ھەم ئويۇن كۆردى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى



12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش بېيجىڭدا يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ چاي سۆھبىتىدە مۇھىم سۆز قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ياڭ شىڭلى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار ياڭ ۋېيخەن، لىن خۇي) جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش زالىدا يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە پايتەختتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى ۋەكىللىرى بىلەن خۇشال ـ خۇرام جەم بولۇپ، 2020 ـ يىللىق يېڭى يىلنى خۇشال كۈتۈۋالدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ چاي سۆھبىتىدە مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىشتەك گۈزەل ئارزۇسى يۈكلەنگەن. ئۇزاق مۇددەت جاپالىق ئىزدىنىش ۋە بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، بىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يېتىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇۋاتىمىز.
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

**ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى** 3 ـ بەتتە